2021 - يىل 2 - ئاي
21
يەكشەنبە
维吾尔文 2 月21日
25339 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  تيانشان تورى: www.ts.cn

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

## مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «يېڭىچە ھەربىي مەشىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى قارار»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندا «يېڭىچە ھەربىي مەشىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى قارار»نى بېسىپ تارقاتتى.

«قارار»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئارمىيە شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك دۈشمەن، رەقىبلەرنى چىڭ كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئۇرۇش - ئەمەلىي مەشىق، بىرلەشمە ئۇرۇش - بىرلەشمە مەشىق، مەشقىن - تېخنىكا ئارقىلىق كۈچەيتىش، مەشقىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېنىسل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، (ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى  ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەۋقەنى پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىي يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشقا ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن يىغىنغا قاتناشتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىز ئەزەلدىن پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ كۆرەش قىلىش مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلى ئارقىلىق ئېتىقادنى چىڭىتىپ، كۈچنى مۇجەسسەملەش، پارتىيەنىڭ ئەمەلىي ئىجادىيىتى ۋە تارىخىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئەقىل - پاراسەتنى ئۇرغۇتۇپ، پەزىلەتنى تاۋلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلىنىۋاتقان مۇھىم، زور پەيتتە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش ئاچقۇچلۇق تۈگۈن نۇقتىسىدا، پۈتۈن



2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى**

پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى، بۇ ئىنتايىن زۆرۈر.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەمىزنىڭ 100 يىلى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن 100 يىل، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۇل سېلىپ نەتىجە ياراتقان 100 يىل، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ كەلگۈسىنى ئاچقان 100 يىل. ئۆتكەن كۆرەش قىلىش يولىنى ئەسلەپ، ئالدىمىزدىكى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش يولىغا نەزەر سالساق، جەزمەن پارتىيە تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى يەكۈنلەپ، پارتىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئېتىقاد، ئەقىدىنى چىڭىتىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، پارتىيەنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، بۇ خىزمەت توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىزنىڭ تارىخى ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش تارىخى، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، نەزەرىيە يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش تارىخى. 100 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز ئىدىيەدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ بىرلىكىدە، دەسلەپكى ئاساسنى پۇختىلاش بىلەن توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلمىي نەزەرىيەۋى يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن پارتىيەنى پارتىيەنىڭ ئاجايىپ مۇساپىسىدىن ماركسىزمنىڭ قانداق قىلىپ جۇڭگونى چوڭقۇر ئۆزگەرتكەنلىكى، دۇنيانى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت كۈچى ۋە ئەمەلىيەت كۈچىنى ھېس قىلىشقا، جۇڭگولاشقان ماركسىزمنىڭ ھەم تومۇرداش بولغان ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان نەزەرىيەۋى خىسلىتىنى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش مۇساپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي بوشاشماي پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

### تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش  تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش  تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش  تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

#### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى**

بوران - چاپقۇنلۇق 100 يىللىق يولدا كۆرەش ئارقىلىق شانلىق نەتىجىلەر يارىتىلدى. 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى پۈتۈن پارتىيەنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيەۋى تونۇش ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز.

«خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك، پارتىيەمىزنىڭ 100 يىلى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن 100 يىل، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۇل سېلىپ نەتىجە ياراتقان 100 يىل، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ كەلگۈسىنى ئاچقان 100 يىل. ئۆتكەن كۆرەش قىلىش يولىنى ئەسلەپ، ئالدىمىزدىكى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش يولىغا نەزەر سالساق، جەزمەن پارتىيە تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى يەكۈنلەپ، (ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 115 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

## مۇشۇ ئاينىڭ 23 - كۈنى 23 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىش قارار قىلىندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 115 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - قېتىملىق يىغىنىنى مۇشۇ ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

## بۆلتۈر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20.5% ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: بۆلتۈر، ئاپتونوم رايونىمىز سانائىتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20.5% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭكىدىن 13.6 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

شىنجاڭ لەيستې ئۇۋراش - قاچىلاش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭدىكى تۇنجى پولى كىرىستاللىق كىرېمنىي مەھسۇلاتلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى ساپلىقتىكى پاكىز ئۇۋراش - قاچىلاش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى فوتوۋولت يورۇقلۇق كەسىپ زەنجىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. چاغان مەزگىلىدە، بۇ شىركەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتتى. «بۆلتۈر 5 - ئايدا شىركىتىمىز ئىقتىدارنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. نۆۋەتتە، شىركىتىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئىستىقبالى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1500 توننىغا يېتىدۇ، يەنە ئىككى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا پاتېنتىنى ئىلتىماس قىلىپ، كەسىپ بوشلۇقىنى داۋاملىق تولدۇرىمىز.» شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ شېڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل كارخانىمىز ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئامباردا ساقلاش قاتارلىق پۈتۈن يورۇشلۇق ھەل قىلىش لايىھەسىنى يولغا قويۇپ، كەسىپ ئىنچىكە ئايرىلغان ساھەلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، (ئاخىرى 3 - بەتتە)

100 يىللىق كۆرەش يولى  يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى⑧

## كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە زاپاس كۈچ يېتەرلىك بولدى

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىۋ يى**

«بۇ يىل بىز كۆپ تۆللىيدىغان قوي، شياڭگۈ ئۆستۈرۈش ۋە ساپ سۇ كەسپىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى كەسىپلەر تەرەققىياتىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.» 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قاراقاش ناھىيەسى سايباغ يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ خۇڭچاڭ زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: كەسىپلەر تەرەققىياتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاساس سېلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چىقىرىلدى، 35 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، شىنجاڭنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ تۈپ چىقىش يولى قىلىپ، (ئاخىرى 3 - بەتتە)